2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
28
پەيشەنبە
维吾尔文 11 月28日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24893 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

## شى جىنپىڭ سۇرىنام زۇڭتۇڭى باۋتېرس بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر سۈن يى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا سۇرىنام زۇڭتۇڭى باۋتېرس بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو ـ سۇرىنامنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى ئورتاق جاكارلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سۇرىنام تۇنجى تۈركۈمدە يېڭى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان كارىب دۆلىتى، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 43 يىلدىن بۇيان، باشتىن ـ ئاخىر ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ كەلدى، جۇڭگو ـ سۇرىنام مۇناسىۋىتى ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگو بىلەن كارىب دۆلەتلىرى مۇناسىۋىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بۈيۈك ـ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ دوستانە ئۆتۈشىنىڭ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. جۇڭگو ـ سۇرىنام مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى مۇھىم تارىخىي باسقۇچتا تۇرماقتا، جۇڭگو تەرەپ سۇرىنام تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو ـ سۇرىنام مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ «پەلەستىن خەلقىگە مەدەت بېرىش خەلقئارا كۈنى»نى خاتىرىلەش يىغىنىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «پەلەستىن خەلقىگە مەدەت بېرىش خەلقئارا كۈنى»نى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پەلەستىن مەسىلىسى ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ يادروسى. پەلەستىن مەسىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك، ئادىل ھەل قىلىپ، پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن. خەلقئارا جەمئىيەت ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قارارلىرى، «يەرنى تىنچلىققا ئالماشتۇرۇش» پرىنسىپى ۋە «ئىككى دۆلەت لايىھەسى» چوڭ يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى: «تاماق بۇيرۇتۇش شەكلى»دىكى مۇلازىمەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش

□ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

«يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىنى دېھقانلار ئىشلىتەلەيدىغان، ئەمەلىي نەپ يەتكۈزىدىغان تېخنىكىغا ئايلاندۇرۇش، تەجرىبىخانىدىكى بىلىملەرنى دېھقانلارنىڭ پايدىسىغا ئايلاندۇرۇش.» بۇ يىل 10 ـ ئايدىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات ئىلمى شۆبىۋەنىنىڭ پروفېسسورى ئابلىز ئوسمان ئۆمەك باشلاپ ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بەشئېرىق بازىرىنىڭ ئالتە كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا، «تاماق بۇيرۇتۇش شەكلى»دىكى نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار بېقىۋاتقان كالا، قويلارنى كەسپىي تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ، ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىپ، كالا، قويلارنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 ـ يىغىنى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 ـ يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 53 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى دېلولىرىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن ـ تۈزۈم كومىتېتى، مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا كومىتېتى، مىللەت ـ دىن ـ تاشقى ئىشلار ـ خۇاچياۋلار كومىتېتى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ياقۇپنىڭ تۇرمۇشى ئۈمىدكە تولدى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، سۈي يۈنيەن

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەتىگەندە، 26 ياشلىق خوتەن شەھىرى ئاھالىسى ياقۇپ ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى روھلۇق ھالدا يېمەكلىك زاۋۇتىغا ئىشقا كەلدى. ياقۇپ يوقنىپ قويۇپ قايتا ئېرىشكەن بۇ خىزمىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ، بوش ۋاقىتلىرىدا تاتلىق شېكەر ھېدى پۇراپ تۇرغان قورۇدا بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ياقۇپنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشتىن خۇشاللىق ھېس قىلىشتى. ئىلگىرى ياقۇپ بىر تۇتۇق قاپاق، جىمغۇر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ياشلارغا خاس قىزغىنلىق يوق ئىدى. ياقۇپ زاۋۇت قورۇسىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ياردىمىدە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىك چوڭقۇر ھاڭدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئاكادېمىيە ـ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار مائارىپى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەربىي ئاكادېمىيە ـ مەكتەپلەر ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىرلار مېي شىشيۇڭ، ليۇ جىمېي) پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئاكادېمىيە ـ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دۆلەت مۇداپىئە داشۆسىدە ئوقۇش باشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئاكادېمىيە ـ مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ھەربىي ئىشلار مائارىپى سېپىدىكى يولداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ئەڭ مۇھىمى ئىختىساسلىقلارغا ئىگە بولۇش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار مائارىپى فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيەنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ھەربىي ئاكادېمىيە ـ مەكتەپلەر ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 30 مىنۇتلار ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ دۆلەت مۇداپىئە داشۆسىگە كەلدى. قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدىكى بارلىق كۇرسانتلارنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، كۆپچىلىك بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەربىي ئىشلار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، جەزمەن بىر ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان فاڭجېن بولۇشى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئاكادېمىيە ـ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسى دۆلەت مۇداپىئە داشۆسىدە ئوقۇش باشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئاكادېمىيە ـ مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ھەربىي ئىشلار مائارىپى سېپىدىكى يولداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى. بۇ شى جىنپىڭنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدىكى بارلىق كۇرسانتلارنى سەممىي قوبۇل قىلغاندىكى سۈرىتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

## چامغۇر «بېيىش مېۋىسى»گە ئايلاندى

### —— ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (9)

□گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى لۇ فېڭباۋ، جاڭ جىلى

«تۆت مو يەردىن 6000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدىم، چامغۇر تېرىپمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ ئاچال بازىرى گەزلىك كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائالە سەمى قادىر خۇشال ھالدا.

چامغۇر تېرىش گەزلىك كەنتىدىكى ھەممە ئائىلىنىڭ ئەنئەنىسى. ئەمما ئۇزاقتىن بۇيان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بازار ئېڭى سۇس بولۇپ، تېرىشنىلا بىلىپ، سېتىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەچكە، چامغۇر كۆپلەپ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، سېتىلىشى قىيىن بولغان، يەنە كېلىپ باھاسى بەك تۆۋەن بولغان، بۇنىڭ بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئانچە ئاشمىغانىدى.

2018 ـ يىلى ئۆزگىرىش بولدى، بۇ كەنت ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چامغۇرلىرىنى يىغدى، كۆپ تەرەپ ھەمتۈرتكە بولۇپ بازار ئاچتى ھەم پىششىقلاش كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ چامغۇرنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇردى.

بۇلتۇر، كەنت ئاھالىلىرى چامغۇر تېرىپ كىشى بېشى كىرىمنى 600 يۈەندىن ئارتۇق ئاشۇرۇپ، پۈتۈن كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

【ئاخبارات تېز سىزمىسى】



10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، كەلپىن ناھىيەسى كەلپىن بازىرى قاراكۆت كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئايدىنساخان ئابلىمىت دىڭدىڭ دۇفۇ كارخانىسىدا دۇفۇپى رەتلىمەكتە.

بۇ يىل جۇڭگو نېفىت خىمىيە غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ كەلپىن بازىرى قاراكۆت كەنتى دۇفۇ پىششىقلاش كارخانىسى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىگە كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپ بەردى.

□گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى جېنىەن سىزغان

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

## «پاراۋۇز»لۇق رولنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

□لۇ فېڭباۋ

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

گەزلىك كەنتىنىڭ چامغۇرى ھەقىقەتەن ياخشى نەرسە، تېرىش ئاسان، پەرۋىش قىلىش ئوڭاي، ھوسۇلىمۇ يۇقىرى. لېكىن كۆپ يىللاردىن بۇيان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بازار ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، ياخشى نەرسىسى بار تۇرۇقلۇق پۇل تاپالمىغانىدى.

بۇ چاغدا، دېھقانلار «پاراۋۇز»نىڭ يېتەكلەپ بازار ئېچىشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولدى، بۇ «پاراۋۇز» شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى، 1 ـ شۇجى، ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يېزا ـ كەنتلەردىكى بېيىش ماھىرلىرى ياكى كارخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)